
ئەكرەم سادىرى

## ئالساڭدى باغرىڭغا باغ-باغ قىلىپ سەن



### ۋەتەن

ئاسمىنىڭ تۇتەكتى، قاراڭغۇ زىمىن،
بىچارە ئىدىڭ سەن، تۇغۇلغاندا مەن.
بىلمەن، مەجرۇھتى قۇتلۇق تەنلىرىڭ،
زۇلمەتتە قالغانىدىڭ ئاھ، ئەزىز ۋەتەن!

باللىق پەيتىمدە قۇياش چاقنىغان،
خەلقىمىز بىر قېتىم قاقاھلاپ كۈلگەن.
زوقۇمنى كەلتۇرۇپ يەلپۈلدەپ تۇغۇڭ،
جەننەتتەك كۆرۈنگەن ئىدىڭ سەن ۋەتەن.

ژىگىت بوپ قالغاندا سەندىن ئايرىلدىم،
يۇلتۇزۇڭ كەبى بىر كوكىڭدىن كوچكەن.
قايتامسەن ھەي ئوغلۇم؟ دېگەندەك ئانا،
قول شىلتىپ، ئۇزىتىپ قالغانىدىڭ ۋەتەن.

ۋەتەن دەپ كۈيلەشتى شائىر ھەۋەستە،
س.س.س.ر باش پانام، ئۇلۇغۋار دېگەن.
مەن كىمنى كۈيلىدىم ئەسلىيەلمەيمەن،
چۈش كەبى ئۇ چاغلار ئوتۇپتۇ ۋەتەن!

يېشىمىمۇ ئولغايدى، قەدىرىڭ ئوتمەكتە،
تىترەيدۇ تەنھالىق كېچىپ مىسكىن تەن،
دەردىڭگە قىلچىلىك دەرمان بولالماي،
قىزاردىم ئالدىڭدا مەڭگۈلۈك ۋەتەن.

جۇدالىق دەملىرى ئۇزىغانىسىرى،
ۋۇجۇدۇم ئورتىنىپ كويگىنى-كويگەن.
ئارمىنىم- كومۇلسەم قۇتلۇق قوينۇڭغا،
ئالساڭدى باغ-باغ قىپ ئامرىغىم، ۋەتەن!

### ئۇيغۇر ئېلى

ھوكۇمرانلى كىنلىك شەرىققە،
ھۇن بوۋىمىز تېپىپ شەرەپ-شان.
ئون ئۇيغۇرنى،
توققۇز ئۇيغۇرنى،
قاتارغا ئۇ پەيلەپ قاتقان،
ئۇيغۇر ئېلى شوھرەتلىك خاقان.

كۆن چىقىشنى- پېتىشقا ئۇلاپ،
دولىتىنى قۇرغان قاراخان.
قۇدرىتىگە يولۋاس باش ئېگىپ،
قۇتلۇق نامى بىباھا ئىنسان،
ئۇيغۇر ئېلى سوتۇق بوغراخان.

تۈركى تىلى- ئۇيغۇرنىڭ تىلى،
«خان تىلى» دەپ ھەقلىق ماختانغان.
قېدىم قەشقەر يۇرتى پەرزەندى،
قەشقەرىي دەپ ئوزىنى ئاتىغان.
ئۇيغۇر ئېلى بوۋام مەھمۇدخان.

قۇتلۇق ئىلمى قەلبىنى يورۇتۇپ،
ئالەم سىرىنى شېىردا ئاچقان،
ياخشىلىقنى كوككە كوتىرىپ
يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەۋەرۇك ئىنسان
ئۇيغۇر ئېلى «بىلىكنى» يازغان.

ئەل غېمىنى يېيىشتىن ئارتۇق
ئېيتىڭ نېمە بار يەنە ئوغلان!
ئوچۇپ بىردە لوغۇلداپ يېنىپ،
قىزلىرىمىز قىلىچ ئويناتقان.
ئۇيغۇر ئېلى نازۇك، ئىپارخان!

ئۇيغۇر ئېلى بىلال، سادىرلار،
ئۇيغۇر ئېلى سەئىد ئەھمەدخان،
ئۇيغۇر ئېلى ئەلاخان سۇلتان،
خەلقى ئوچۇن جان پىدا قىلغان،
دۇشمەن كۈلىنى كوككە سورىغان.

ئەمگەك خۇمار يەرنىڭ ماغدىرى
قارا يەردىن ئالار ئالتۇن دان.

كەتمەن چېپىپ، ماڭلاي تەر توكۈپ،
ھاياتنى گۈل-گۈلستان قىلغان
ئۇيغۇر ئېلى مەردانە دېخان.

ئاڭا كوزى تەگدىمۇ ياتنىڭ،
شۇلار بولدى ھەر كويغا سالغان.
بىر ئاتىنىڭ بالىسى تۇرۇپ،
بىر-بىرىگە ئورنى قازغان
ئۇيغۇر ئېلى ئېلىنى ساتقان...

شۇندىن بېرى كېتىپ بەرىكىتى،
ئۇيغۇر دېگەن نامنى ئۇنۇتقان.
سەن «قەشقەرلىق» سەن «تارانچى» دەپ،
بولۇنگەندە، بورە يولۇققان،
ئۇيغۇر ئېلى ئوزىنى ئۇنۇتقان.

ئەندى نېمە بولۇپ قالدۇق بىز،
قولاشمايدۇ ئىشىمىز قىلغان.
دۇشمەن چەتتە خاتىرجەم قالدى،
ئوز ئارا بىز مۇش، تاش ئېتىشقان،
ئۇيغۇر ئېلى غەپلەتتە قالغان.

بۇ قىلىقتىن جانلار تويدى جاق،
قاچان بولار بىزدە ئىتتىپاق!
يولەك بولۇپ تۇرساق يانمۇ-يان،
يوق ئېدىغۇ ئېلىنماس قورغان،
ئۇيغۇر بولساق ئەسلى ئۇيۇشقان!

### ئانا

جىم-جىتلىق ئېچرە، ئەسىر قىپ خىيال،
مېھرىلىك كوزۇڭنى ئانا، ئەسلەتتى.
جۇدالىق ئوتلىرى كۈچلۈك ئېھتىمال،
ھارارەت، يالقۇنى دىلنى ئېزەتتى.

ياتىسەن لەھەتتە ئانىجان، بىغەم،
پەرزەنتكە ئاۋالقى تەشۋىشلىرىڭ يوق.
شېئىرىم ھەيكەلدۇر سەن ئوچۇن دېسەم،
جامالىڭ نۇر يېغىپ كورىنەر ئارتۇق.

مەن سېنى ئۇزاتتىم كەلمەس سەپەرگە،
كوز يېشىم ئېتەككە كەتكەندى سىڭىپ.

ئانىلىق ئېقىدەك پارلار ژۇرەكتە،
سوزۇڭنى تۇمار قىپ ژۇرۇمەن ئېسىپ.

سېغىنىپ، ئىزدەپمۇ تاپمىدىم يەردىن،
قىينالدىم تەشنا بوپ سويەلمەي قېنىپ،
ئاناڭ بار ئاسماندا دېسە ئەگەردە،
باراتتىم ئىشەنگىن، پىيادە مېڭىپ.

سەن ئەزىز بالاڭغا جاپاكەش ئانا،
ئۇيقۇسىز بىر كېچەڭ تەڭسىز بىباھا!

### پۇغان

(مەرسىيە)

ژىغلاپ تۇرۇپ شېىر يېزىۋاتىمەن،
يېشىمنى ئۇنچىدەك تىزىۋاتىمەن.
مەسھۇشتەك بولۇپ، ئويۇم چېچىلىپ،
يازماقچى سوزدىن ئېزىۋاتىمەن.

سىڭلىم ئوچارغا قانىتىم ئىدىڭ،
مۇڭدىشار بولسام ئامىتىم ئىدىڭ.
ژىتىملىغىمنى بىلىندۇرمىگەن،
ماڭا يولەكتىڭ قامىتىم ئىدىڭ.

يېشىم توكىلەر، تەندە مادار يوق،
ئىشقا قول بارماس ھېچ قارارىم يوق.
سېغىنىپ قالسام ئەندى ئاھ، نېتەي،
مەنزىلگاھىم يوق ھەم بارارىم يوق.

ئاكا، دەپ كىممۇ چىقار ئالدىمغا،
ئەندى كىم يېتەر مىسكىن ھالىمغا.
كۈلكەم تۈگىدى، خۇشلۇق يوقالدى،
دوستلىرىم قېنى يېتەر ھالىمغا؟

ئانام مەزگىلسىز ئالەمدىن ئوتكەن،
ئامەتلىرىممۇ شۇ چاغدا ژۇتكەن.
ئانام يوقلىغىن بىلىندۇرمەتتىڭ،
ئىشىك ئالدىدا سېغىنىپ كۈتكەن.

ئاتام قالدى كوز نۇرى توكۈلگەن،
قىزىسىز ئەندى لەززەت سۇرمەيدۇ.
سىڭلىم بىلەن تەڭ بەختى كومۇلگەن،
خۇداغا دەرتنى ئېيتىپ ئىڭرايدۇ.

ئاتا-ئانىغا جان چىدايدېكەن،
قېرىنداش ئوتى يالقۇنلايدېكەن.

### ئاتا

بىر ئەسىرگە تاقالدى يېشىڭ،
مولدۇر كەبى توكىلەر يېشىڭ.
ئالىقاچان يەرگە كومۇلگەن
مۇھەببىتىڭ، ياشلىغىڭ، ئىشقىڭ.

بىر ئاللادىن تىلەيسەن مەدەت،
دەرت بىلەن ياشاش بىزگە غېنىمەت.
ئوتكىشىلىپ قالار بۇ ئېغىر كۈنلەر
ئەل بىلەن بىللە كەچكەن كۈن-ئامەت.

### ئۇرۇمچى ۋوكزالى

بۇ مەيدانىدا كوچمەنلەر ئۇرغۇن،
ئولتىرار چارچىغان توگىدەك چوكۈپ.

توغۇلغان يۇرتىنى قالدۇرۇپ ئارتقا،
بىر پارچە يەر ئوچۇن كەپتۇ «ئوز كورۇپ».

ئاڭلىغان بۇ يەرنى بەلكىم ھە، ئۇلار،
جەننەتتەك گۈلستان، خەلقى ژۇگاش دەپ.
ئوزلىشىپ كېتىمىز ئۇيغۇرلار بىلەن،
ئۇلارنىڭ ئويىدا ياتسىنىش يوق گەپ.

شۇ ئېغىر خىيالغا ئوتقۇلدۇر ئۇلار،
«ياردەمگە كەلدۇق بىز» دەيدۇ تېپىپ پەيت.
دوستۇڭ مەن دېگەنگە نان بېرىپ خەلقىم،
ئوزەڭ ئاچ قېلىشىڭ قېدىمى ئادەت...

### شائىرەگە

قىزىل ئالما شېخىدا تۇرسا،
چالما ئاتار ئىنساپسىز ئادەم.
گوزەللىكنى ئالىشار ھەممە،
ئارام بەرمەي دىلىغا بىر دەم.

گەر ئالمىغا يەتمىسە قولى،
«ئاچچىق» دەيدۇ كېتىدۇ ژىراق.
تۇتۇن بولۇپ كوڭلىدە قىساس،
كويۇپ تۇگەر ھەسەتخۇر شۇنداق.

ئەينە شۇنداق ئادەملەر، سىڭلىم،
بىرى بۇزار، بىرى تۇزەيدۇ.
چىداپ بىراق ھەسەتكە شائىر،
ياخشىلىقنى دايىم كوزلەيدۇ.

ھايات-كۈرەش، ھايات زەپ تاتلىق،
كۈرەشكەنلەر يېتەر مۇراتقا.
قوڭغۇز كەبى ئوتكەن ئادەملەر
ئايلىنىدۇ تىرىك مۇردىغا.

كەچسە شائىر قەلبىدە ئەلەم،
شېئىردا كورۇنەر ئالەم.

### يۇرتۇمغا

نېمە دەپ رەخمەت ئېيتاي يۇرتۇم ساڭا،
ھىممىتىڭگە سوز تاپالماي تۇردۇم مانا.
ئىجادىمغا قانات پۇتۇپ ئۇچاردىڭ سەن،
پەرۋاز قىلىپ ئەلگە يەتتى شېئىرىم شۇڭا.

خەلقىمدە بىر دانا سوز بار مۇنداق دېگەن،
«رەڭگى-روىۇڭ سامان بولماس يۇرتۇڭ
بولسا».
قەدرى تۇتۇپ،
يولەك بولۇپ
غېمىڭ يېگەن،
ژۇرىگىڭدە يېنىپ تۇرغان ئوتۇڭ بولسا.

ئەشۇ ئېسىل دانىشمەنلىك مەزمۇنىغا
بۇگۈن يەتتىم،
مادار بولدۇڭ، مەدەت بولدۇڭ،
روھلىنىپ ھەم زوقلىنىمەن ئېھ، شۇنىڭغا،
ئومەر ئوخشاش گويا يېنىپ مەن تۇغۇلدۇم.

ئاتا يۇرتۇم،
پانا يۇرتۇم، مىڭ رەخمەت،
ئوز بالاڭدەك قانىتىڭغا قىسقىنىڭچۇن،
دەرتلىرىمنى ئونتۇلدۇردۇڭ موشۇ پۇرسەت،
بولدى مېنىڭ روھىم تېتىك،
بېشىم ئۇستۇن...

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى - روييۇڭ سامان بولماس

1995
يىل
12-ئاۋغۇست
№31
شەنبە
(3988)
ئەركىن باھا

# يېڭى ھايات

ЖАҢА ӨМІР

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى 1970- يىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

# ئاباي قازاقنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ھەم مۇتەپەككۇرى

## كۆپ مىللەتلىك قازاقستان خەلقىنىڭ مەنىۋىي بايرىمى

9-ئاۋغۇست كۈنى ئالمۇتىدا، جۇمھۇرىيەت سارىيىدا ئۇلۇغ قازاق شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى ئابايىنىڭ 150 يىللىقىغا بېغىشلانغان جامائەتچىلىكنىڭ تەنتەنىلىك مەجلىسى ئۆتكۈزۈلدى.

ئۇنىڭ باشلىنىشى ئالدىدىن جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋ، يۇنېسكو، ئەزەربەيجان، قىرغىزستان، تۈركمەنىستان، ئۆزبەكىستان، روسسىيە، يېقىن ھەم يىراق چەت ئەلنىڭ باشقا مەملىكەتلىرىنىڭ، خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ، قازاقستان ۋىلايەتلىرى ۋە ئالمۇتا شەھىرى دېلېگاتسىيەلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ساراي ئالدىدىكى ئاباي ھەيكىلىگە گۈللەرنى قويدى.

پرېمېر-مىنىستىر ئەكېژان قاژىگېلدىن مەجلىسنى ئېچىپ، بۇ تويغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئالمۇتىغا كۆپلىگەن ئەللەردىن مېھمانلار كەلگەنلىكىنى ئېيتتى، پرېمېر-مىنىستىر بارلىق قازاقستانلىقلارنىڭ نامىدىن ئۇلارنى تەبرىكلىدى.

ئەكېژان قاژىگېلدىن تەنتەنىلىك مەجلىسنى ئۇچۇق دەپ ئېلان قىلدى. قازاقستان دۆلەت گىمنى ئورۇنلاندى.

ئاندىن كېيىن جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋ «ئاباي ھەققىدە سۆز» دېگەن دوكلاد بىلەن سۆزگە چىقتى. دۆلىتىمىز باشلىقىنىڭ دوكلادى چوڭ دىققەت بىلەن تىڭشالدى.

مەجلىستە سۆزلىگەن يۇنېسكونىڭ باش دىرېكتورى فېدېرىكو مايور، روسسىيە فېدېراتسىيەسى پرېزىدېنتىنىڭ شەخسىي ۋەكىلى، روسسىيە فېدېراتسىيەسى ھۆكۈمىتى رەئىسىنىڭ ئورۇنباسارى يۇرىي ياروۋ، قىرغىزستان پرېزىدېنتى ئاسقار ئاقايېۋ، تاتارستان پرېزىدېنتى مىنتىمىر شايمىيېۋ، ئۇكرائىنا ۋىتسې-پرېمېرى ئىۋان كۇراس، روسسىيە فېدېراتسىيەسى پەنلەر ئاكادېمىيەسى دۇنيا ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىنىڭ دىرېكتورى فېلىپ كۇزنېتسوۋ، ئەزەربەيجان پرېزىدېنتى گېيدار ئەلىيېۋ، تۈركىيە پرېزىدېنتىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى، تۈرك-قازاق دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نامىك كېمال زېيبېك، تۈركمەنىستان مەجلىسىنىڭ رەئىسى ساخات مۇرادوۋ سۆزگە چىقتى.

ئۇلار پەقەت قازاق خەلقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى سەييارىنىڭ بارلىق خەلقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاباي ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى توغرىلىق ئېيتتى. دانىشمەن، ئىنسانپەرۋەر ۋە مەرىپەتچى ئۆز يۇرتداشلىرىنى چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى بىلەن بىرىنچى بولۇپ تونۇشتۇردى. ئۇ ھەممىنى بىرلىشىشكە ۋە ئېچىلىشقا چاقىردى، ھەر قانداق زورلۇق-زومبۇلۇققا، مىللىي بۆلۈنۈش كۆرۈنۈشلىرىگە قارشى چىقتى. شۇڭلاشقىمۇ ئاباي مىراسى ۋە ئۇنىڭ ئىسمى مەڭگۈ ياشايدۇ. ئا. قۇنانبايېۋ ھەر قاچان ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى-يېڭى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ئۈلگە بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

قىسقا تەنەپپۇستىن كېيىن جۇمھۇرىيەت سارىيىدا قازاقستان ۋە باشقا ئەللەر سەنئەت ماھىرلىرىنىڭ كونسېرتى بولۇپ ئۆتتى.

يۇبىلېيلىق تەنتەنىلەر 10-ئاۋغۇستتا ئاباي يۇرتىدا - سەمەي ۋىلايىتىدە داۋاملاشتى.

(قازتاگ).



## ئابايغا ئىلتىپات بىلدۈرۈپ ...

قازاقستان پايتەختىدىكى كىنو ئۆيىدە «ئاباي» ناملىق فىلىمنى تۇنجا قېتىم كۆرسىتىش مەراسىمى بولۇپ ئۆتتى. بۇ مەراسىمغا جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋ قاتنىشىپ، باش روللارنى ئوينىغان ئارتىستلارنى سەممىي تەبرىكلىدى.

* * *

ئالمۇتىغا، ئابايىنىڭ 150 يىللىقىغا بېغىشلانغان تەنتەنىگە كۆپلىگەن يېقىن ۋە يىراق چەت ئەللەرنىڭ، خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ رەسمىي دېلېگاتسىيەلىرى، ئاتاقلىق پەن ۋە مەدەنىيەت ئەربابلىرى كەلدى. 7-ئاۋغۇست كۈنى ۋىتسې-پرېزىدېنت ئېرىك ئاسانبايېۋ مىسىردىن، گېرمانىيەدىن ۋە تۈركىيەدىن كەلگەن مېھمانلارنى قوبۇل قىلدى.

* * *

ئۇكرائىنانىڭ ھۆكۈمەت دېلېگاتسىيەسى ئالمۇتىنى كىيېۋ بىلەن تۇراقلىق باغلاشتۇرىدىغان «ئائېروسۋېت» ئاۋىا كومپانىيەسىنىڭ سامولىيوتى بىلەن ئۇچۇپ كەلدى. ئۇكرائىنانىڭ ۋىتسې-پرېمېرى ئىۋان كۇراسنى قازاقستان پرېمېر-مىنىستىرىنىڭ بىرىنچى ئورۇنباسارى ۋىتالىي مېتتې قارشى ئالدى.

* * *

ئابايىنىڭ 150 يىللىق مەرىكىسى شەرىپىگە بېغىشلانغان تەنتەنىلەرگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن خىتاينىڭ، پاكىستاننىڭ، تاجىكىستاننىڭ ۋەكىللىرىنى 7-ئاۋغۇست كۈنى پرېمېر-مىنىستىرنىڭ ئورۇنباسارى ئىمانغالى تاسماغامبېتوۋ قوبۇل قىلدى.

* * *

ئالمۇتىغا بېلارۇس، گرۇزىيە، مولداۋا، ئارمېنىيە، ئەزەربەيجان، تاتارستان، ئۆزبەكىستان، روسسىيە فېدېراتسىيەسى، باشقۇرتستان، قىرغىزستان، تۈركمەنىستان مەملىكەتلىرىدىن ۋە سانكت-پېتېربۇرگ شەھىرىدىن كەلگەن دېلېگاتسىيەلەرمۇ ئىللىق كۈتۈۋېلىندى.

ئابايىنىڭ 150 يىللىق تويىنى نىشانلاشقا ئىران، ھىندىستان، ۋېنگرىيە، بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى، يۇنېسكونىڭ رەسمىي دېلېگاتسىيەسى كەلدى.

* * *

ئالمۇتىدىكى ئاباي پروسپېكتىدا «ئاباي يولى» ناملىق تېئاتىرلاشتۇرۇلغان تەنتەنىلەر بولۇپ ئۆتتى.

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىڭ -روھىڭ سامان بولماس

# يېڭى هايات

ЖАҢА ӨМІР

1995 يىل
19– ئاۋغۇست
№32
شەنبە
(3989)
ئەركىن باھا

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى 1970– يىلى 1– يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

# ئۇلۇق ئاباي يۇرتىدىكى تەنتەنىلەر

ئوتكەن ھەپتىدە دانا قازاق شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى ئاباي قۇنانبايېۋنىڭ يۇرتى–قېدىمىي شەمەي يېرىدە شائىرنىڭ تۇغۇلغىنىغا 150 يىل تولۇشقا بېغىشلانغان بايراملىق تەنتەنىلەر بولۇپ ئوتتى.

10– ئاۋغۇستتا ئىرتىش بويىدىكى ياشارغان ۋە ئوزگەرگەن شەھەرنىڭ تۇرغۇنلىرى قازاقستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازارباييېۋ ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىنى، ۋىتسې–پرېزىدېنت ئېرىك ئاسانباييېۋنى، جۇمھۇرىيەتنىڭ باشقا رەھبەرلىرىنى كۇتۇۋالدى.

شەمەيگە يۇنېسكو باش دىرېكتورى فېدېرىكو مايور باشچىلىقىدىكى يىراق ۋە يېقىن چەت ئەللەردىن كوپلىگەن مېھمانلار كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تاتارىستان پرېزىدېنتى م. شەيمىيېۋ، گروزىيە، تۇركمەنىستان پارلامېنتلىرىنىڭ رەئىسلىرى، بىر قاتار باشقا ئەللەرنىڭ رەسمىي ۋەكىللىرى بار.

شۇنداقلا خەلق ئارا، مىللىي ھەم جەمىيەتلىك تەشكىلاتلارنىڭ، دىنىي كونفېسسىيەلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ۋەكىللىرى، چەت ئەلدىكى قازاق جامائەسى مەدەنىيىتى ھەم سەنئىتىنىڭ، ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ، چوڭ فىرمىلارنىڭ ۋەكىللىرى، تىجارەتچىلەر بايراملىق تەنتەنىلەرنىڭ مېھمانلىرىدىن بولدى.

شەمەي شەھىرىدىكى ئابايىنىڭ دولەت تارىخىي–مەدەنىي ۋە ئېرىتو-رىيە–مېمورىيال كومپلېكسىنىڭ تەنتەنىلىك ئېچىلىشى ئاباي يۇرتىدىكى يۇبىلېيلىق چارە–تەدبىرلەرنىڭ رەسمىي باشلىنىشى بولدى. مۇزېي كومپلېكسىنىڭ ھاۋارەڭ لېنتىسىنى ن. نازارباييېۋ قىيدى. مېھمانلار تەركىۋىگە زامانىۋىي بىنادىن تاشقىرى ياش ئاباي بىلىم ئالغان مەدرىسە ۋە مەسچىتىنىڭ رېستاۋراتسىيە قىلىنغان بىناسىغا كىرىدىغان يېڭى مۇزېينى كوزدىن كەچۈردى.

جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى بىلەن بايرامنىڭ پەخرىي مېھمانلىرى ئاباي ھەيكىلىگە گۇللەرنى قويدى.

شۇ كۇنى ئاباي نامىدىكى ۋىلايەتلىك قازاق مۇزىكىلىق دراما تېئاتىرىدا تەنتەنىلىك يىغىن ئوتكۇزۇلدى. ۋىلايەت ھاكىمى غالىمژان غاقىيانوۋ ئۇلى ئېچىپ، جۇملىدىن، ئىلگىرى شەمەي ۋىلايىتىنى سەييارىدا پەقەت سابىق كىسج ئىتتىپاقىدىكى يادرو سىناقلىرىنىڭ جايى دەپلا بىلەتتى دەپ تەكىتلىدى. ئەندى يۇنېسكو ئابايىنىڭ 150 يىللىقىنى ئومۇمدۇنياۋىي ئەھمىيەتكە ئىگە ۋاقىە دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن بۇ يەر ئۇنىڭ يۇرتى سۇپىتىدە كەڭ تونۇلدى. بۇ يەردە قازاقستاننىڭ سۇۋېرېنىتېتىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئانا ۋەتىنىنى ئىختىساسىي بوھراندىن ئېلىپ چىقىش ئۇچۇن كوپ ئىشلارنى قىلىۋاتقان قازاقستاننىڭ ئوت ژۇرەك ۋەتەنپەرۋەرلىرىدىن ھېساپلانغان كوپلىگەن مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئېچىلقتا ھەم ئىناقلىقتا ياشاۋاتىدۇ.

يىغىندا سوزگە چىققان يۇنېسكو باش دىرېكتورى فېدېرىكو مايور ۋە باشقا ناتىقلار ئابايىنىڭ قازاق خەلقىنى روھىي جەھەتتىن تىكلەش ئىشىغا، ئۇنىڭ ئىلغار ئىنسانىي پىكرىگە قوشۇلۇش ئىشىدىكى ئەمگىكىگە مۇناسىپ باھا بەردى. يۇبىلەرنىڭ دۇنياۋىي مەدەنىي مىراسقا بىباھا ھەسسە قوشقانلىقىنى تەكىتلىدى.

كەچقۇرۇنلۇغى ئىرتىش بويىدا يۇبىلېينىڭ ئەڭ ئاساسىي چارە–تەدبىرى–چوڭ كونسېرت ئوتكۇزۇلدى، ئۇنىڭغا قازاقستاننىڭ ئاتاقلىق سەنئەتكارلىرى، شۇنداقلا روسسىيە ھەم ئوزبەكىستاندىن كەلگەن ناممىباپ ئانسامبللار بىلەن تويلار قاتناشتى.

پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازارباييېۋ ئاباي يۇرتىدىكى ئۇنىڭ تۇغۇلغىنىغا 150 يىل تولۇشقا بېغىشلانغان تەنتەنىلەرگە پائال قاتناشتى.

ئۇنىڭ ئۇلۇق ئۇستاز، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ۋەسىيەتلىرىنىڭ زامانىۋىي جەمىيەت تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى توغرىلىق پىكىرلىرى 11– ئاۋغۇستتا ژىدابايدا ئاباي ۋە شاكەرىم ماۋزولېيلىرىنىڭ مېمورىياللىرىنى ئېچىش مەراسىمىدىكى سوزلىرىدە ئېنىق تونۇلدى.

ن. نازارباييېۋ ۋەتەنداشلىرى بىلەن مېھمانلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، بۇنىڭدىن بىر يېرىم ئەسىر ئىلگىرى مۇقەددەس چىڭغىز تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدە قازاق خەلقىنىڭ ئۇلۇق شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ئوز ھاياتىنىڭ يارقىن ئاتمىش يىل ئىچىدە ئەۋلاتلىرىغا ئادىر ئويلار بىلەن پىكىرلەرنى قالدۇرۇپ، ئوزىنىڭ سوزگە بولغان ئەشنالىقىنى قالدۇردى.

ئۇلۇق بايرامنىڭ تەنتەنىلىك ۋەزىيىتىدە جۇمھۇرىيەتنىڭ بارلىق ئوللىرىدىن كەلگەن ۋەتەنداشلار، يىراق ھەم يېقىن چەت ئەللەردىن كەلگەن قىممەتلىك مېھمانلار، ھەمدوستلار ئالدىدا، ئاخىرىدا ئۇلۇق ئابايىنىڭ پارلاق خاتىرىسى ئالدىدا دولىتىمىزنىڭ باشلىقى يىغلانلارنى رازىمەنلىككە ۋە پەم–پاراسەتلىككە چاقىردى، بارلىق كۇچ–قۇۋۋىتى، ئەقىل پاراسىتى ۋە قەلبى بىلەن ئۇلۇق ئۇستاز ۋەسىيەت قىلغاندەك، ئومۇمىي بەخت–سائادەتكە، ئادالەتلىككە ھەم ياخشىلىققا خىزمەت قىلىشقا قەسەم ياد قىلدى. ن. نازارباييېۋ شۇنداقلا بارلىق ۋەتەنداشلىرىنى، جۇمھۇرىيەتنىڭ بارلىق پۇخرالىرىنى، قازاقستاندا ياشاپ، ئىشلەۋاتقان بارلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى ئوتكۇنچى دەۋرنىڭ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلىرىدىن مۇناسىپ چىقىشقا، يەنە بىر ئاز چىدامىلىق كورسىتىپ، كېلەچەككە ساغلام ئۇمىتىمىز ھەم ئابايىنىڭ ئادەمنى سويۇشكە ھەم ئىنسانىيلىققا بولغان پارلاق ئىشەنچىسى بىلەن قاراشقا، ئوز ئارا رازىمەنلىك بىلەن بىرلىكنى ئېخىمۇ چوڭقۇر ھەم مۇستەھكەم كۇچەيتىشكە چاقىردى. شۇ چاغدا بىز ھەر قانداق ۋەزىپىلەرنى ھەل قىلالايمىز.

بۇ، پرېزىدېنتنىڭ ھېساپلىشىچە، دانالىقى بويىچە ئۇلۇق ئابايىنىڭ پارلاق خاتىرىسىگە كورسەتكەن ئەڭ چوڭ ھورمىتىمىز ۋە بىلدۇرگەن مىننەتدارلىقىمىز بولغان بولار ئېدى.

ئاباي ۋە شاكەرىم ماۋزولېيلىرى مېمورىيالىنىڭ خاتىرە كىتاۋىغا ئۇ ئەنە شۇ توغرىلىق يازدى.

(قاز تاگ).

سۇرەتلەردە: تەنتەنىدىن كورۇنۇشلەر.

قاز تاگ سۇرەتلىرى.



## دولەت باشلىقى ئىش بابىدىكى سەپەرگە ژۇرۇپ كەتتى

16– ئاۋغۇست كۇنى ئەتىگەنلىكى پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازارباييېۋ شىمالىي قازاقستان ۋە ئاقمولا ۋىلايەتلىرىگە ئىككى كۇنلۇك ئىش بابىدىكى سەپەرگە ژۇرۇپ كەتتى. پېتروپاۋلوۋسك ۋە ئاقمولىدا ئۇ يەرلىك مەمۇرىيەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن قىسقا ھەم ھوسۇل يىغىشتۇرۇشقا تەييارلىق كورۇش مەسىلىلىرى بويىچە كېڭەشمە ئوتكۇزىدۇ. ھەر ئىككى ۋىلايەتتە دولەت باشلىقى بىر قاتار سانائەت كارخانىلىرىنى، سېلىنىۋاتقان ئوبيېكتلارنى زىيارەت قىلىدۇ، بىر نەچچە ناھىيەنىڭ ئاشلىق ئېتىزلىقلىرىدا بولىدۇ.

(قازتاگ).

